# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت
# قىلىش قانۇنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى
# ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش
# قانۇنى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中华人民共和国野生动物保护法/全国人大常委会编;新疆维吾尔自治区人大常委会办公厅法律法规译文审定小组译。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.4
(中华人民共和国法律丛书)
ISBN 7-228-08700-3

Ⅰ.野… Ⅱ.①全… ②新… Ⅲ.野生动物保护法—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.D922.68

中国版本图书馆CIP数据核字(2004)第029443号

责任编辑:安尼瓦尔·沙比提
责任校对:木尼拉

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32开本 0.625 印张
2004年4月第1版 2004年4月第1次印刷
印数:1—4060

ISBN 7-228-08700-3 定价(共50本):190.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇنىرە

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 0.625
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—4060
ISBN 7—228—08700—3
باھاسى (50 كىتاب): 190.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ .................... 1

ئىككىنچى باب ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ............ 3

ئۈچىنچى باب ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش ......... 5

تۆتىنچى باب قانۇن جاۋابكارلىقى .................. 10

بەشىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ .................... 13


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى

(1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان)

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** قىممەتلىك، نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغداپ، كۆپەيتىپ ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش ئۈچۈن بۇ قانۇن تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش، بېقىش، كۆپەيتىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتا مۇشۇ قانۇنغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

بۇ قانۇندا قوغداش بەلگىلەنگەن ياۋايى ھايۋانلار قۇرۇقلۇقتا ۋە سۇدا ياشايدىغان قىممەتلىك، نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان پايدىلىق ياكى مۇھىم ئىقتىسادىي، پەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ياۋايى ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ قانۇننىڭ ماددىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياۋايى ھايۋانلار ئالدىنقى تارماقتا قوغداش بەلگىلەنگەن ياۋايى ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ.

سۇدا ياشايدىغان قىممەتلىك ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدى-

ـدا تۇرغان ياۋايى هايۋانلاردىن باشقا، سۇدا ياشايدىغان باشقا ياۋايى هايۋانلارنى قوغداشتا، بېلىقچىلىق قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر تەتـ ـبىقلىنىدۇ.

3 ـ ماددا ياۋايى هايۋانلار بايلىقى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىـ ـدا بولىدۇ.

دۆلەت ياۋايى هايۋانلار بايلىقىنى قانۇن بويىچە كۆپەيتىپ پايدىلانغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئىـ ـتىنى قوغدايدۇ.

4 ـ ماددا دۆلەت ياۋايى هايۋانلارغا قارىتا بايلىقنى قوغـ ـداشنى كۈچەيتىش، پائال بېقىش، كۆپەيتىش، مۇۋاپىق پايدىلىـ ـنىش فاڭجېنىنى يولغا قويىدۇ، ياۋايى هايۋانلار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى ئىلهاملاندۇرىدۇ. هۆكۈمەت ياۋايى هايـ ـۋانلار بايلىقىنى قوغداش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە بېقىش، كۆپەيـ ـتىش جەھەتلەردە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلايدۇ.

5 ـ ماددا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ ياۋايى هايۋانلار بايلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇلار ياۋايى هايۋانلار بايلىقىنى ئىگىلىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىـ ـلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش ۋە بۇ ھەقتە ئەرز قىلىشقا هوقۇقلۇق.

6 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك هۆكۈمەتلەر ياۋايى هايۋانلار بايلىقىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ياۋايى هايۋانلار بايلىـ ـقىنى قوغداش، كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش پىلانىنى ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

7 ـ ماددا گوۋۇيۈەننىڭ ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىققا مەسئۇل تارماقلىرى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇقتا ۋە سۇدا ياشايدىغان ياۋايى هايۋانلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاستە قاراشلىق شە-
ھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورمانلىقلا مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلى-
رى ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى قوروقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپتو-
نوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قۇ-
رۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلىرىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر بەلگىلەيدۇ.

ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بې-
لىقچىلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى سۇدا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش خىز-
مىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

## ئىككىنچى باب ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش

8 ـ ماددا دۆلەت ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغدايدۇ، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ قانۇنسىز ئوۋ ئوۋلىشى ياكى بۇزۇشىنى چەكلەيدۇ.

9 ـ ماددا دۆلەت قىممەتلىك ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى نۇقتىلىق قوغدايدۇ. دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار بىرىنچى دەرىجىلىك قوغ-
دىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلار دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نامى ۋە ئۇنى تەڭشەشنى گوۋۇ-
يۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلەپ، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلاپ ئېلان قىلىشىغا يوللايدۇ.

يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار دۆ-
لەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن باشقا، ئۆلكە،

ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر نۇقتىلىق قوغداي-
دىغان ياۋايى ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. يەرلىك ئورۇنلار نۇقتى-
لىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم
رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر بەلگىلەيدۇ
ھەم ئېلان قىلىدۇ، گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

دۆلەت قوغدايدىغان پايدىلىق ياكى مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە پەن
تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلار-
نىڭ نامى ۋە ئۇلارنى تەكشۈرۈشنى گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى
باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلەيدۇ ۋە ئېلان قىلى-
دۇ.

**10 ـ ماددا** گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا مەسئۇل
مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە
قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت ۋە يەرلىك ئو-
رۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان ۋە كۆپى-
يىدىغان مۇھىم رايونلارنى ۋە سۇلارنى تەبىئىي قوغداش رايونىغا
ئايرىپ، دۆلەت ۋە يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى
ھايۋانلار ۋە ئۇلار ياشايدىغان مۇھىتنى قوغداش، باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىشى كېرەك.

تەبىئىي قوغداش رايونلىرىنى ئايرىش ۋە باشقۇرۇش گوۋۇ-
يۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

**11 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ھەر
دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلار مۇھىتنىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا كۆر-
سىتىدىغان تەسىرىنى كۆزىتىشى ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.
مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ياۋايى ھايۋانلارغا زىيان ـ زەخمەت
يەتكەندە، ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارماق-
لار مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ
قىلىش كېرەك.

**12 ـ ماددا** قۇرۇلۇش تۈرلىرى دۆلەت ياكى يەرلىك

ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان مۇ-ھىتقا تەسىر يەتكۈزىدىغان بولسا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا دوكلات سۇنۇشى كېرەك؛ مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى تەستىقلاش ۋاقتىدا ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئوخشاش دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

**13 ـ ماددا** دۆلەت ۋە يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغداي-دىغان ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەر ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى قول-لىنىشى كېرەك.

**14 ـ ماددا** دۆلەت ۋە يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغداي-دىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش يۈزىسىدىن زىرائەتلەرگە زىيان يەتسە ياكى باشقا زىيان پەيدا بولسا، زىياننى شۇ جايدىكى ھۆكۈ-مەتلەر تولدۇرۇپ بېرىدۇ. تۆلەپ بېرىش چارىسىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر بەلگىلەيدۇ.

## ئۈچىنچى باب ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش

**15 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇ-رىي تارماقلار ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى تەكشۈرۈشى، قەرەللىك ئۆيۈشتۇرۇپ تۇرۇشى، ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى ئارخىپى تۇرغۇ-زۇشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلا-رنى ئوۋلاش، ئۆلتۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ، پەن تەتقىقات، بې-قىش، كۆپەيتىش، كۆرگەزمە قىلىش ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئەھۋال تۈپەيلىدىن دۆلەت بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇشقا توغرا كەلگەندە، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋان-

لارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇري تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ، ياۋايى هايۋانلارنى تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاهنامىسى ئېلىش كېرەك؛ دۆلەت ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدايدىغان ياۋايى هايۋانلارنى تۇتۇشقا توغرا كەلگەندە، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەرلىك هۆكۈمەتلەرنىڭ ياۋايى هايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇري تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ، تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاهنامىسى ئېلىش كېرەك.

**17 ـ ماددا** دۆلەت ياۋايى هايۋانلارنى بېقىش ۋە كۆپەيتىشكە ئىلهام بېرىدۇ.

دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى هايۋانلارنى باقىدىغان ۋە كۆپەيتىدىغانلار رۇخسەت قىلىش گۇۋاهنامىسى ئېلىشى كېرەك. رۇخسەت قىلىش گۇۋاهنامىسىنى باشقۇرۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى هايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇري تارمىقى بەلگىلەيدۇ.

**18 ـ ماددا** دۆلەت نۇقتىلىق قوغدىمايدىغان ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلايدىغانلار ئوۋلاش گۇۋاهنامىسى ئېلىشى هەم ئوۋلاش مىقدارىنى باشقۇرۇشقا بويسۇنۇشى كېرەك.

قورallıق ئوۋچىلار ناهىيىلىك، شەهەرلىك ج خ ئورگانلىرىدىن قورال ئىشلىتىش گۇۋاهنامىسى ئېلىشى كېرەك.

**19 ـ ماددا** ئوۋچىلار تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاهنامىسى، ئوۋچىلىق گۇۋاهنامىسىدە بەلگىلەنگەن تۈر، سان، جاي ۋە سۈرۈك بويىچە ئوۋ ئوۋلىشى لازىم.

**20 ـ ماددا** تەبىئىي قوغداش رايونلىرىدا، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايونلاردا ۋە ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان مەزگىلدە ئوۋ ئوۋلاش ۋە ياۋايى هايۋانلارنىڭ ياشىشى هەم كۆپىيىشىگە توسالغۇ بولىدىغان باشقا هەرىكەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ.

ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايون، مەزگىل ۋە ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغان ئوۋ قورالى ۋە ئوۋسۇلىنى ناهىيىدىن يۇقىرى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ياكى ئۇلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلەيدۇ.

**21 ـ ماددا** ھەربىي قورالالار، زەھەرلىك دورا ۋە پارتلىتىش دورىلىرى ئارقىلىق ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئوۋ مىلتىقى ۋە ئوق ـ دورىلارنى ئىشلەپ چىقىرىش، سېتىش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسىنى گوۋۇيۈەننىڭ ئورمانچىلىققا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىپ، گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىپ يولغا قويىدۇ.

**22 ـ ماددا** دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات، بېقىش، كۆپەيتىش، كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق ئالاھىدە ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، دۆلەت بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئۈنىڭدىن پايدىلىنىش زۆرۈر تېپىلغاندا، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇنغا تەستىقلىتىش كېرەك؛ دۆلەت ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، سېتىۋېلىش ۋە ئۈنىڭدىن پايدىلىنىش زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇنغا تەستىقلىتىش لازىم.

دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى باققان، كۆپەيتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەر بېقىش، كۆپەيتىشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىپ، ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىغا دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە سې-

تىپ بەرسە بولىدۇ.

سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بازارغا كىرگەن ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى كېرەك.

**23 ـ ماددا** دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ناھىيە تەۋەسىدىن ئاچىقىپ كېتىدىغانلار ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇنغا تەستىقلىتىشى لازىم.

**24 ـ ماددا** دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشتا، جۇڭگو قاتناشقان خەلقئارا ئەھدىنامىدە ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش چەكلەنگەن ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشتا، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىغا ياكى گوۋۇيۈەنگە تەستىقلىتىش ھەمدە دۆلەتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىدىن ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ئېلىش لازىم. تاموژنىلار ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىگە قاراپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا مەخپىيەتلىكىگە كىرىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېكسپورت قىلىش لازىم.

**25 ـ ماددا** تۇتۇشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى، ئوۋچىلىق گۇۋاھنامىسى، بېقىش، كۆپەيتىشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشقا رۇخ-

سەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ياسىۋېلىش، ھايىنىغا سېتىش،
ئۆتۈنۈپ بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**26 ـ ماددا** چەت ئەللىكلەر جۇڭگو تەۋەسىدە دۆلەت
نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى دالىدا تەكشۈرۈش ياكى
دالىدا فىلىمغا ۋە سىنئالغۇغا ئېلىشتا، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى
ھايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق
بەرگەن ئورۇنغا تەستىقلىتىش كېرەك.

چەت ئەللىكلەرگە ئېچىۋېتىلىدىغان ئوۋ ئوۋلاش ئورۇنلىرد-
نى تەسىس قىلىشتا، گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇرۇش-
قا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقىغا تەستىقلىتىش كېرەك.

**27 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى
تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىنى قوغ-
داش ـ باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرۇشى كېرەك. ھەق ئېلىش
ئۆلچىمى ۋە چارىسىنى گوۋۇيۈەننىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى باشقۇ-
رۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارمىقى مالىيە ۋە مال باھا تارماقلىرى
بىلەن بىرلىكتە بەلگىلەپ، گوۋۇيۈەنگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن
يولغا قويىدۇ.

**28 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇش تۇپەيلىدىن زىرائەت-
لەرگە زىيان يەتسە ياكى باشقا زىيان كېلىپ چىقسا، زىياننى
ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلار مەسئۇل بولۇپ تۆلەيدۇ.

**29 ـ ماددا** مۇناسىۋەتلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تەدبىر
قوللىنىپ، ياۋايى ھايۋانلار كەلتۈرىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئې-
لىشى ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ بىخەتەرلى-
كىگە ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەت-
لىك قىلىشى لازىم.

**30 ـ ماددا** يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان
ياۋايى ھايۋانلار ۋە دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان باشقا ياۋايى
ھايۋانلارنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق

ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتى بەلگىلەيدۇ.

## تۆتىنچى باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**31 - ماددا** دۆلەت ئۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز تۇتقان ۋە ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى دۆلەت ئۇقتىلىق قوغدايدىغان قىممەتلىك، نەسلى قۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتقان ۋە ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىلەرنى جازالاش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىگە ئاساسەن سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**32 - ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايونلاردا، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان مەزگىلدە ياكى مەنئى قىلىنغان قورال ۋە ئۇسۇلدا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلارنىڭ ئوۋلىرى، ئوۋ قوراللىرى ۋە قانۇنسىز تاپاۋىتىنى ياۋايى ھايۋانلارغا مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلار مۇسادىرە قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا جەرىمانە قويىدۇ. قىلمىشى ئېغىرلىرى، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 130 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**33 - ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوۋچىلىق گۇۋاھنامىسى ئالمىغان ياكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشتا ئوۋچىلىق گۇۋاھنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئوۋلىرىنى ۋە قانۇنسىز تاپاۋىتىنى ياۋايى ھايۋانلارغا مەسئۇل مەمۇرىي تارماق مۇسادىرە قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا جەرىمانە قويىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوۋ قوراللىرىنى مۇسادىرە قىلسا، ئوۋچىلىق كىنىشكىسىنى تارتىۋالسا بولىدۇ.

بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، قورال ئىش-

لىنىش گۇۋاھنامىسى ئالماي، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىغانلارنى ج خ ئورگانلىرى ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازالايدۇ.

**34 ـ ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تەبىئىي قوغداش رايونى، ئوۋ ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان رايونلاردا، دۆلەت ياكى يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياشايدىغان ۋە كۆپىيىدىغان ئورۇنلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقانلارنى ياۋايى ھايۋانلارغا مەسئۇل مەمۇرىي تارماق بۇزغۇنچىلىق قىلمىشىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جاينى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇددىتىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا جەرىمانە قويىدۇ.

**35 ـ ماددا** بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت ياكى يەرلىك ئورۇنلار نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتقان، سېتىۋالغان، يۆتكىگەن ۋە ئېلىپ يۈرگەنلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ۋە قانۇنسىز تاپاۋىتىنى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مۇسادىرە قىلىدۇ، شۇنىڭغا قوشۇپ جەرىمانە قويۇشمۇ بولىدۇ.

بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەت نۇقتىلىق قوغدايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتقان، سېتىۋالغانلارنىڭ قىلمىشى ئېغىرلىرى، ھايانكەشلىك، ئەتكەسچىلىك جىنايىتى شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

مۇسادىرە قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ياۋايى ھايۋانلارغا مەسئۇل مەمۇرىي تارماق ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورۇن بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**36 ـ ماددا** ياۋايى ھايۋانلار ياكى ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىـ

-رىنى قانۇنسىز ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغانلارنى تاموژنا
قانۇنىغا ئاساسەن جازالايدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرى، جىنايەت شە-
كىللەندۇرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى ئىش-
لار قانۇنىدىكى ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەر بو-
يىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**37 - ماددا** ياۋايى هايۋانلارنى تۇتۇشقا ئالاھىدە رۇخسەت
قىلىش گۇۋاھنامىسى، ئوۋچىلىق گۇۋاھنامىسى، بېقىش، كۆ-
پەيتىشكە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ياكى ئىمپورت - ئېكس-
پورت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ياسىۋالغان،
هايىنىغا ساتقان ۋە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرنىڭ گۇۋاھنامىسىنى ياۋايى
هايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇرىي تارماقلار ياكى سودا -
سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تارتىۋالىدۇ، قانۇنسىز
تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا قوشۇپ جەرىمانە قويىسىمۇ
بولىدۇ.

تۇتۇشقا ئالاھىدە رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ياكى ئىم-
پورت - ئېكسپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى
ياسىۋالغان ۋە هايىنىغا ساتقانلاردىن قىلمىشى ئېغىرلىرى، جىنا-
يەت شەكىللەندۇرگەنلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى
ئىشلار قانۇنىنىڭ 167 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈش-
تۈرۈلىدۇ.

**38 - ماددا** ياۋايى هايۋانلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل مەمۇ-
رىي تارماقلاردىكى خىزمەتچىلەر خىزمەتكە ئېتىبارسىز قارىغان،
هوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغان، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ
ساختىپەزلىك قىلغان بولسا، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ياكى
يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورگانلار ئۇلارغا مەمۇرىي چارە
كۆرىدۇ، قىلمىشى ئېغىرلىرى، جىنايەت شەكىللەندۇرگەن-
لىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈ-
لىدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com